# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بىر ئادەمنىڭ نامازدا تۇرغاندا تاھارىتى سۇنغاندەك ھېس قىلىپ قالىدىغانلىقى شىكايەت قىلىنغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىرەر ئاۋاز ئاڭلىمىغۇچە ياكى پۇراق ھېدلانمىغۇچە نامازدىن چىقىپ كەتمىسۇن، دېدى

ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد ئىبنى ئاسىم ئەلمازىني رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بىر ئادەمنىڭ نامازدا تۇرغاندا تاھارىتى سۇنغاندەك خىيال قىلىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا شىكايەت قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى: بىرەر ئاۋاز ئاڭلىمىغۇچە ياكى پۇراق چىقمىغۇچە نامازدىن چىقىپ كەتمىسۇن
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ بايان قىلغاندەك، بۇ ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن چوڭ - چوڭ ئەھكاملىرى ئېلىنىدىغان ئاساسى قائىدىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ: «ھۆكمى ئېنىق بولغان ئىشلارنىڭ ھۆكمى ئۆز جايىدا تۇرىۋېرىدۇ. پەقەت بىرەر گۇمان ياكى شەك – شۈبھە تۈپەيلىدى (مەيلى بۇ شەكلەر كۈچلۈك بولسۇن ياكى ئاجىز بولسۇن، ئىشەنچلىك ئېنىق ھۆكۈم بولمىسا ياكى شۇنىڭغا يېقىن دەرىجىگە يەتمىسە)، ئەسلى ھۆكۈم ئۆزگەرتىلمەيدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى كۆپتۇر. بىلىنمەي قالمايدۇ. بۇ ھەدىسمۇ شۇنىڭ قاتارىدىندۇر. دېمەك ئىنسان تاھارىتى بارلىقىغا چىن پۈكسە، ئاندىن تاھارىتى سۇنغانلىقىدا گۇمانلىنىپ قالسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئەسلى ھۆكۈم ئۇنىڭ تاھارىتى بارلىقىنىڭ داۋام قىلغانلىقىدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كىمكى تاھارىتىنىڭ يوقلىقىغا چىن پۈكسە، ئاندىن تاھارەت ئالغان - ئالمىغانلىقىدا گۇمانلىنىپ قالسا، ئەسلى ھۆكۈم تاھارىتى يوقلىقىنىڭ داۋام قىلغانلىقىدۇر. بۇنىڭ قاتارىدىن: كىيىم – كېچەك ۋە ماكانلاردا، نىجاسەت بولغىنى ئېنىق بولمىسا، ئەسلى پاك دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك نامازنىڭ رەكئەتلىرىدا، مەسىلەن: بىر ئادەم ئۈچ رەكئەت ئوقۇغىنىغا چىن پۈكسە، ئەمما تۆتىنچىسىنى ئوقۇغان – ئوقۇمىغانلىقىغا گۇمان قىلىپ قالسا، ئەسلى ھۆكۈم ئۇنىڭ ئوقۇلمىغانلىقىدۇر، ئۇ ئادەم تۆتىنچى رەكئەتنى ئوقۇشى لازىم بولىدۇ. يەنە بۇنىڭ قاتارىدىن: كىمكى ئايالىنى تالاق قىلغان – قىلمىغانلىقىدا شەكلىنىپ قالسا، ئەسلى ھۆكۈم ئۇنىڭ نىكاھىنىڭ داۋام قىلغانلىقىدۇر. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر كىشىگە مەخپى قالمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3064

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee